## 285579 ـ مەھرەملىك ئىسپاتلىنىدىغان ئىمىلداشلىقنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا

**سوئال**

مېنىڭ ئون بەش ئايلىق بولغان بالام بار، تەبىئىيكى، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بوۋاقلار ياشقا توشقاندا، سۈت ئېمىش بىلەن بىرگە ئادەتتىكى يىمەكلىكلەرنىمۇ يېيىشكە باشلايدۇ، ئوغلۇم ھازىر سۈت بىلەنلا چەكلەنمەي، يىمەكلىكلەرنىمۇ يەيدۇ، مېنىڭ ئوغلۇمدىن كېيىنرەك قېرىنداشىمنىڭ قىز بالىسى تۇغۇلدى، ئۇنىڭ ئايالى مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن ئۆزىنىڭ قىزىنى ئۇلارنىڭ ئېمىلداش قېرىنداشلاردىن بولىشى ئۈچۈن بىرگە ئېمىتىشنى خالايدۇ، ئوغلۇم ئىككى ياشقا توشمىدى، مەن ئېمىلداش بولۇش ئۈچۈن بوۋاقلارنىڭ يېشى ئىككى ياشتىن كىچىك بولسا بولىدۇ دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، ئوغلۇم يالغۇز سۈت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ بەلكى تاماقمۇ يەيدۇ، ئېمىلداش بولۇش ئۈچۈن تاماق يېمەسلىكى كېرەكمۇ؟، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە: «ئىمىلدەشلىك سۈتتىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بولىدۇ» دېگەن ئىكەن، ئوغلۇم تەرتىپلىك سۈت ئەممەيدۇ، سۈت ئۇنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ئەمەس، مۇشۇنداق ھالەتتىكى بالىنى ئېمىتىپ ئېمىلداش قىلىش توغرا بولامدۇ؟، بۇنىڭ ھەنبەلى مەزھەپ قارىشى بويۇنچە شەرئەتتىكى ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئېمىتىش سەۋەبى بىلەن مەھرەملىكنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تولۇق بولىشى تەلەپ قىلىنىدۇ:

بىرىنچى شەرت: بوۋاق ئانىنى بەش قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئەمگەن بولىشى كېرەك، ئۇنىڭدىن ئاز بولسا بولمايدۇ، بۇ ھەنبەلى مەزھىبىدىكى توغرا قاراشتۇر. ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇل قاسىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: "ئېمىلداش بولۇشتا شەك بولمايدىغان ئېمىتىش بەش قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولىشى كېرەك". بۇ مەسىلىدىن يەنە ئىككى مەسىلە چىقىدۇ:

بىرى: ئىمىلدەشلىككە ئالاقىدار بولغان مەزھەپتىكى توغرا قاراشتا: بوۋاق ئانىنى بەش قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئەمگەن بولىشى كېرەك. بۇ قاراش ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەتا ئىبنى رەباھ، تاۋۇس ئىبنى كەيسان رەھىمەھۇللاھنىڭ ۋە ئىمام شاپىئى رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدۇر. ["ئەلمۇغنى" 11 ـتوم 310 ـبەت].

بۇنىڭ دەلىلى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان مۇنۇ ھەدىستۇر، ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان

كەرىمدە مەھرەملىك سابىت بولىدىغان ئىمتىش ئون قېتىم دەپ ئايەت بايان قىلىنغان، ئاندىن ئۇ ئايەتنىڭ تىلاۋىتى بىلەن بەش قېتىملىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بەش قېتىم ئىمىش قالدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىمۇ بەش قېتىم ئىمىتىش توغرىسىدىكى ئايەت تىلاۋەت قىلىناتتى». [ مۇسلىم رىۋايىتى1452–ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دىدۇ: "بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى" بەش قېتىملىق ئىمىتىشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەت بەك كىيىن نازىل بولغان بولۇپ، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىمۇ بەزى ساھابىلارغا ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى كىيىنكى ئايەت يەتمەي، ئون قېتىم ئىمىتىش توغرىسىدىكى ئايەتنى تىلاۋەت قىلاتتى، ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتىدا بۇ ئايەتنىڭ تىلاۋەت قىلىنمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.

ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى: ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ تىلاۋەت داۋام قىلىدۇ، ئىملدەشلىك ئۈچۈن ئون قېتىم ئىمىتىش توغرىسىدىكى ئايەتكە ئوخشا. ئىككىنچى: تىلاۋەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئايەتلەر. ئىملدەشلىك ئۈچۈن بەش قېتىم ئىمىتىش توغرىسىدىكى ئايەتكە ئوخشاش. ["سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى" 10 ـ توم 29 ـ بەت.]

بىر قېتىملىق ئىمىتىشنىڭ بەلگىلىمىسى: بوۋاق ئانىنىڭ كۆكسىنى قويۇۋەتمەي تويۇنۇپ ئىمىش ۋە ئىمىپ بولغاندىن كىيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن توختاش بىر قېتىملىق ئىمىتىش بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر: ئانىسىدىن ئايرىلىشتىكى بىر قېتىملىق ئىمىشنىڭ بەلگىلىمىسى قانداق بولىدۇ؟ دىيىلسە، بۇنىڭغا مۇنداق دىيىلىدۇ: بۇ ئىمىشتىن بولغان بىر قېتىملىق ئىمىش بولۇپ، بۇ شەكسىز: ئولتۇرۇش، ئۇرۇش، يىيىش دىگەندەك بىر قېتىملىقىنى بىلدۈرىدۇ، بوۋاق قاچان ئانىنىڭ كۆكسىنى ئىغىزىغا ئىلىپ ئىمىپ، ئاندىن بىرەر سەۋەبسىز ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىغىزىدىن چىقىرىۋەتسە، بۇ بىر قېتىملىق ئىمىش ھىسابلىنىدۇ، چۈنكى شەرىئەتتە ئىمىش دىگەن سۆز مۇتلەق كەلگەن بولۇپ، بۇ شۇ يەرنىڭ ئۆرپىسىگە قارىتىلىدۇ، ئۆرپىدە: نەپەس ئىلىۋىلىش، بىر ئاز راھەتلىنىۋىلىش ياكى بىرەر نەرسە مەشغۇل قىلىپ ئىمىشتىن توختاپ ئاندىن يەنە قايتىدىن ئەمسە، بۇ بىر قېتىملىق ئىمىش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، بۇ خۇددى بىر قېتىم يىمەك ئىلىپ كەلسە، ئۇنىڭدىن يەپ سەل تىنىۋىلىپ يەنە يىسە بۇ ئىككى قېتىملىق يىيىش ھىساپلانمىغانغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇ بىر قېتىملىق يىيىش بولىدۇ.

ئەمما ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىبىگە كۆرە، "مۇغىنىنىڭ ساھىبى" مۇنداق دەيدۇ: بوۋاق ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىمىشتىن توختىسا بۇ بىر قېتىملىق ئىمىش بولىدۇ، كىيىن يەنە يىڭىدىن ئىمىشكە باشلىسا، بۇ يەنە بىر قېتىملىق ئىمىش ھىسابلىنىدۇ".

ئەمما بىزنىڭ قارشىمىزغا كۆرە، نەپەس ئىلىش قىيىنلىشىپ ئىمىشتىن توختىسا ياكى بىر كۆكسىدىن يەنە بىر كۆكسىگە

يۈتكەلسە ياكى بىرەر ئىش مەشغۇل قىلسا ياكى ئىمتىكۆچى ئىمتىشنى توختاتسا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەنە قايتىدىن ئەممىسە، بۇ بىر قېتىملىق ئىمتىش بولىدۇ، ئەمما قىسقا ۋاقىتتا قايتىدىن ئەمىسە، بۇنىڭغا قارىتا ئىككى يول بار. بىرى: دەسلەپكى بىر ئىمىش، كىيىن يەنە قايتىدىن ئەمگەن بولسا ئۇمۇ يەنە بىر ئىمىش بولىدۇ، بۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارىشى، ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدىكى سۆزىنىڭ كۆرۈنىشىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: سۈت ئىمىۋاتقان بوۋاققا قارىمامسىز؟ نەپەس ئالالماي قالسا، نەپەس ئېلىش ياكى راھەتلىنىش ئۈچۈن كۆكسىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇنداق قىلسا بۇ بىر قېتىملىق ئىمىش بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن قويىۋېتىپ قايتىدىن ئەممىسە ئەۋۋەلقى بىر قېتىملىق ئىمىش بولىدۇ، يەنە قايتىدىن ئەمسە ئۇمۇ بىر قېتىملىق ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر يولغا كۆرە: ھەممىسىنى بىر قېتىملىق ئىمىش ھېساپلايدۇ.

مەن مۇنداق دىيمەن: "ئىمام ئەھمەدنىڭ سۆزى ئىككى ئىشقا ئېھتىماللىق كېلىدۇ: بىرى: يۇقىرىدا شەيخ بايان قىلدى، ئۇنىڭ بۇ بىر قېتىملىق ئىمىش دىگەن سۆزى ئىككىنچى قېتىملىق ئىمىشكە قايتىدۇ. ئىككىنچى: ئومۇمى بىر قېتىملىق ئىمىش بولىدۇ، ئۇنىڭ بۇ بىر قېتىملىق ئىمىش دىگەن سۆزى بىرىنچى قېتىملىق ئىمىشكە ۋە ئىككىنچىسىگىمۇ قايتىدۇ، بۇ ئوچۇق يۈزلەندۈرۈشتۇر، چۈنكى ئىمام ئەھمەد: نەپەس ئېلىش ئۈچۈن ياكى راھەتلىنىش ئۈچۈن ئىمىشنى توختىتىشنى بىر قېتىملىق ئىمىش دەپ دەلىللىدى، ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، بۇ دەلىل بىرىنچى قېتىملىق ئىمىشتىن ئىككىنچى قېتىملىق ئىمىشكە بەك لايىق كېلىدۇ، چۈنكى ئىككىنچىسى مۇستەقىل بىر ئىمىشتۇر، بۇنى ئويلىنىپ بېقىڭ". [ "زادىل مىئاد" 5 ــ توم 511–513 ــ بەت.]

سىلەردىن قىلىنىدىغان تەلەپ: ئېھتىياتنى تۇتۇپ، ئىختىلاپتىن چىقىش، ئىملداشلىق بەش قېتىملىق سورۇندا بولىدۇ، ھەر قېتىمقىسى يەنە بىرىدىن ئايرىم بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مەھرەملىك ئىسپاتلىنىدىغان ئىمىش قايسى؟ ئۇ بىر قېتىم شوراشمۇ؟ بوۋاق بىر قېتىملىق ئىمىشتە بەش قېتىم شورىسا بۇنىڭ بىلەن ئىملداشلىق ئىسپاتلىنامدۇ؟، بىر قېتىملىق ئىمىش دىگەن بوۋاق ئىمىتكۈچىنىڭ كۆكسىنى ئىمىپ ئاندىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن قويۇپ بىرىپ يەنە ئىمىش بىلەن بولامدۇ؟، ياكى ئىمىشمۇ ئايرىم يېمەكلىككە ئوخشاش ھەر بىر ئىمىش يەنە بىرىدىن ئايرىم بولامدۇ؟ بىر ئورۇندا بولمامدۇ؟.

بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئۈچ تۈرلۈك قارىشى بار، بۇنىڭدىكى ئاخىرقى قاراش كۈچلۈك قاراشتۇر، بۇ ئۇستازىمىز ئابدۇرەھمان ئىبنى سەئدى رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدۇر، بۇنىڭ يولى: بىز ئايالنىڭ مەھرەم بولىدىغانلىقىغا تەۋىلگە ۋە باشقا تەرەپلەرگە ئېھتىماللىقى بولمىغان كەسكىن دەلىل بىلەن ھۆكۈم قىلمايمىز، ئاخىرقى دەلىلنىڭ ھېچ قانداق ئېھتىمالى يوق، چۈنكى بۇ دىيىلگەن سۆزلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرسى، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن: ئەگەر بالىنى تۆت قېتىم ئىمىتىپتۇ، ھەر قېتىمدا بەش قېتىمدىن نەپەس ئالغان بولسا، كۈچلۈك قاراشقا كۆرە، بۇ بىرــبىرىدىن ئايرىم بولمىچە بۇنىڭ بىلەن مەھرەملىك ئىسپاتلانمايدۇ". "[شەرھىل مۇمتى" 12 ــ توم 114 ــ بەت].

ئىككىنچى شەرت: ئېمىتىش بوۋاق سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان ۋاقىتتا بولۇش كېرەك، بۇ ئىككى يىل بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ ياكى سۈتتىن ئايرىلىش بىلەنمۇ؟.

بۇ مەسىلىگە قارىتا ئالىملارنىڭ ئىككى تۈرلۈك قارىشى بار: ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىبىدە ئىككى يىلنى ئېتىبارغا ئالىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ تەرجىمىسى: «ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم». [سۈرە بەقەرە 233 ـ ئايەت.]

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىمام مالىك ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە يەنە بىر قىسىم ئالىملار: نەسەپنىڭ ئورنىدا ئىجرا بولىدىغان، ئېمىلداشلىق سابىت بولىدىغان بۇ ئايەت توغرىسىدا پەرقلىق قاراشتا بولدى، ئېمىلداشلىق ئىككى يىل ئىچىدە بولىدۇ، چۈنكى ئىككى يىل توشسا ئېمىتىش پۈتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئېمىلداشلىق سابىت بولمايدۇ، بۇ سۆزنى ئىمام زۆھرى، قەتادە، شەئبى، سۇپيان سەۋرى، ئابدۇراھمەن ئەۋزائى، شافىئى، ئەھمەد، ئىسهاق، ئەبۇ يۈسۈپ، مۇھەممەد ۋە ئەبۇ سۆر قاتارلىقلار دېگەن". [ "تەپسىر قۇرتۇبى" 4 ـ توم 109 ـ بەت].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۆيدە بىر ئەر كىشىنى كۆرۈپ، بۇنى ياقتۇرماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئۆزگەردى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: ئۇ مېنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشىم دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەمشىرىلىرىڭلارغا قاراڭلار، ئېمىش دېگەن ئاچارچىلىقتىن بولغان دېدى». [بۇخارى رىۋايىتى 5102 ـ ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1455–ھەدىس].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھەدىسنىڭ مەنىسىنى تولۇق ئويلانغاندا، توغرا بولغان ئېمىلداشلىق ئۆزىنىڭ شەرتى بىلەن بولىدۇ، بۇ بوۋاق ئېمىدىغان زاماندا بولىشى، ئېمىشنىڭ مىقدارى ئېنىق بولىشى كېرەك، بۇنىڭدىن ھۆكۈم پەيدا بولىدۇ، ئېمىلداشلىق شەرتلەر تولۇق بولغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېمىش ئاچلىقتىن بولغان دېگەن سۆزىگە كەلسەك، مەھرەملىك ئىسپاتلىنىدىغان ئېمىش بىلەن، ئۆزىنى ئېمىتكەن ياكى ئۆزى بىلەن بىرگە ئەمگەن ئايال بىلەن يالغۇز ئورۇندا تۇرسا بولىدۇ، بوۋاق ئېمىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئاچلىقىنى توسىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئاشقازىنى ئاجىز بولغاندىكىن سۈت ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گۆش ئۈنۈپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا ئېمىتكۈچىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىدۇ، ئۇ ئايالنىڭ باشقا ئەۋلادلىرى بىلەن مەھرەملىكتە ئورتاق بولىدۇ". "پەتھۇل بارى" 9 ـ توم 148 ـ بەت].

قۇرتۇبى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ئېمىش ئاچلىقتىن بولغان" دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ئومۇمى قائىدە، بۇنىڭدا مەھرەملىكنى ئىسپاتلاشتا ئېمىشنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ، بۇ بوۋاق يېمەكتىن بىهاجەت بولىدىغان، سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان زاماندا بولىدۇ، بۇ ئىككى يىل ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ۋاقىتتا

بولىدۇ". ["ئەلمەفھۇم" 4 ـ توم 188 ـ بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىككىنچى شەرت: ئېمىش بوۋاق سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان زاماندا بولىشى كېرەك، بۇ كۆپ ۋاقىتقا قارىتىلامدۇ ياكى ئەمەلىيەتكە قارىتىلامدۇ؟. بۇ توغرىدا ئالىملارنىڭ ئىككى تۈرلۈك قارشى بار: بىرىنچى قاراش: كۆپ ۋاقىتلارغا قارىتىلىدۇ، بۇ ئىككى يىلدىن ئىبارەتتۇر، ئەگەر ئىككى يىلدىن كېيىن ئېمىش بولسا بوۋاق ئېمىشتىن ئايرىلغان بولسۇن ياكى ئېمىۋاتقان بولسۇن بۇنىڭ ھېچ تەسىرى بولمايدۇ، ئەمما ئىككى يىلدىن بۇرۇن بولسا، بوۋاق ئېمىۋاتقان بولسۇن ياكى ئايرىلغان بولسۇن بۇنىڭ بىلەن مەھرەملىك سابىت بولىدۇ.

بۇ ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىبىدىكى مەشھۇر قاراشتۇر، ئۇلار بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى دەلىل قىلىدى: وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ تەرجىمىسى: «ئانىلار باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم».

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ بەلگىلىمە بىزنىڭ باشقا بىر بەلگىلىمە بىلەن بەلگىلىشىمىزدىن كۈچلۈكتۇر، چۈنكى ئىككى يىلنى ئىنچىكىلىك بىلەن بىكىتىش مۇمكىن بولىدۇ، بۇ شەكسىز پۈختا بەلگىلىمىدۇر.

لېكىن تۆۋەندىكى قاراش بۇنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ: سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئېمىتىشنىڭ ئوزۇقلىنىش ۋە جىسىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىرى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە يىگىرمە ئايلىق بولۇپ سۈتتىن ئايرىلغان بوۋاق بىلەن تۆت ياشقىچە ئېمىۋاتقان بوۋاقنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق، چۈنكى ئۇلار بۇ ئېمىش بىلەن مەنپەئەتلەنمەيدۇ، جىسىممۇ ئۆسمەيدۇ، بۇ قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى كۈچلاندۇرىدۇ: «ئېمىلداشلىق ئۈچەي ئېچىلغاندىن ۋە سۈتتىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بولىدۇ». بۇ يەردە ئەمەلىيەتنى ئەمەس بەلكى سۈتتىن ئايرىلغان كېيىن بولىدىغان تەسىرنى تولۇق يوق قىلىدى، چۈنكى بۇ ۋاقىتتىن كېيىن ئېمىدۇ لېكىن بۇنىڭ سۈتتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنقىدەك تەسىرى بولمايدۇ، بۇ قاراش مۇشۇ مەنا تەرەپتىن كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ بېكىتىش تەرەپتىنمۇ كۈچلۈكتۇر". [ "شەرھىل مۇمتى" 12 ـ توم 114-115 ـ بەتلەر].

بۇ يەردە ئېنىق بولغىنى: ئىككى قاراشنىڭ قايسىسى بىلەن بولسۇن: كىچىك بوۋاقنىڭ ھەققىدىكى ئېمىلداشلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەھرەملىك ئىسپاتلىنىدىغان ئېمىشدۇر، ئىككى ياشتىن كىچىك بالا ئېمىدۇ، سۈتتىن ئايرىلمايدۇ، سۈتتىن ئايرىش دىگەن بوۋاقنى ئېمىتىشنى توختىتىش دىمەكتۇر، لۇغەتتىمۇ شۇنداق بايان قىلىنغان. "[ئەلمۆجەمۇل ۋەسىيت" 695 ـ بەت.]

بۇنىڭدىن بوۋاق پەقەت سۈت بىلەنلا ئوزۇقلىنىدۇ دىگەنلىك ئىپادىلەنمەيدۇ، بوۋاق سۈت ئېمىۋاتىدىكەن، ئۇنى سۈتتىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىش لايىق بولمايدۇ، چۈنكى مەھرەملىك ئېمىش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ ئارىلىقتا بوۋاققا يېمەك بەرگەننىڭ ھېچ تەسىرى بولمايدۇ، چۈنكى ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، بوۋاق ياشقا توشسا سۈت بىلەن بىرگە باشقا يېمەكلىكلەرنىمۇ ئىستىمال قىلىدۇ.

ئەمما سوئالدا بايان قىلىنغاندەك، ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىبىگە كۆرە، مۇشۇ ياشتىكى بوۋاقنى شەرتلەرگە تولۇق رىئايە قىلىپ ئېمىتكەندە، بۇنىڭ بىلەن شەكسىز مەھرەملىك ئىسپاتلىنىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.